مەھمۇد كاشغەرىي

تۈركىي تىللار دىۋانى

突厥语大词典

تېكىست

(ئىككىنچى كىتاب)

维吾尔文全译本

（下）

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-16991-7

9 787228 169917 >

定价：330.00 元（上下册）

مەھمۇد كاشغەرىي

تۈركىي تىللار دىۋانى

突厥语大词典

تېكست

(بىرىنچى كىتاب)

维吾尔文全译本

(下)

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

محمود بن الحسين الكاشغري

ديوان لغات الترك

(دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)

جلد
٢

تېكىست

مەھمۇد كاشغەرىي

تۈركىي تىللار دىۋانى

(دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)

ئىككىنچى توم

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىتى بىلەن باشلايمەن

سالىم پېئىللار بۆلۈمى

ئىككى ھەرپلىكلەر بابلىرى

تَبْدِي tapdï تېۋىندى، خىزمەت قىلدى. قُلْ تَنْكْرِي كا تَبْدِي *kul təŋrigə tapdï* — بەندە تەڭرىگە تېۋىندى.//264 اُلْ خانْقا تَبْدِي *ol hanka tapdï* — ئۇ خانىغا خىزمەت قىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تَبْدِي tapdï تاپتى. اُلْ نـانْكْنِ تَـبْدِي *ol nəŋni tapdï* — ئۇ يىتكەن نەرسىنى تاپتى (تَبارْ - تَبْماقْ *tapar – tapmak*).//1 II

تَبْدِي təpdi تەپتى. اُلْ قُلِنْ تَبْدِي *ol kulïn təpdi* — ئۇ قۇلىنى تەپتى (تَبارْ - تَبْمـاكْ *təpər– təpmək*).

جَـبْدِي qapdï ئۇزدى؛ چاپتى؛ چاپلىدى، سۇۋىدى. اَرْ سُـقْدا جَـبْدِي *ər suvda qapdï* — ئادەم سۇدا ئۇزدى. اُلْ اَتْـنِي جِـبِقْ بِـرْلا جَـبْدِي *ol atni qïbïk birlə qapdï* — ئۇ ئاتنى چىۋىق بىلەن (ئاستا) ئۇردى. جُمَقْ تَتْ بُيْنِنْ جَـبْدِي *qomak tat boynïn qapdï* — مۇسۇلمان تات (كاپىر)نىڭ بوينىنى چاپتى. ئۇيغۇرچە. اَرْ اَفِنْ جَـبْدِي *ər əvin qapdï* — ئادەم ئۆيىنى (لاي بىلەن) چاپلىدى (جَبارْ - جَبْماقْ *qapar – qapmak*).

سَبْدِي sapdï ساپتى، ئۆتكۈزدى. يِيجِي يِكْنا سَـبْدِي *yiqi yignə sapdï* — تىككۈچى يىڭنىگە يىپ ساپتى.

سَبْدِي sapdï سەپلىدى، ئۇلىدى. اُلْ قُشْ قَنَتِنْ سَبْدِي *ol kux kanatïn sapdï* — ئۇ قۇش قانىتىنى سەپلىدى. ھەرقانداق كەمتۈك نەرسىنى ئۆز جىنسى بىلەن ئۇلاشقا ياكى سەپلەشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَبارْ - سَبْماقْ *sapar – sapmak*).//2 II

قَبْدِي k̡apdï تۇتتى؛ تارتىۋالدى، بۇلىدى، داربدى. اَرْ تُونْ قَبْدِي *ər ton k̡apdï* — ئادەم تون تارتىۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُغْلانِغْ يِيلْ قَــبْدِي *ooqlanïoq yəl k̡apdï* — بالىغا يەل (شامال) داربدى (قَبارْ - قَبْمــاقْ *k̡apar - k̡apmak̡*). تون ۋە تونغا ئوخشاش نەرسىلەرنى شامال ئۇچۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قُبْدِي k̡opdï قوپتى. اَرْ يُقارُو قُبْدِي *ər yok̡aru k̡opdï* — ئادەم ئۆرە قوپتى. تُبِي قُــبْدِي *tüpi k̡opdï* — بوران قوپتى (چىقتى). قُشْ قُبْدِي *k̡ux k̡opdï* — قۇش قوپتى (كۆتۈرۈلدى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُبارْ — قُبْماقْ *k̡opar - k̡opmak̡*).

بِجْــدِي pïqdï پىچتى، كەستى. اَرْ اَتْ بِجْــدِي *ər ət pïqdï* — ئادەم گۆش كەستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بِجارْ - بِجْماقْ *pïqar - pïqmak̡*).

سَجْتِمْ saqtïm ساچتىم ~ چاچتىم. مَنْ يِبارْ سَــجْتِمْ *mən yïpar saqtïm* — مەن ئىپار چاچتىم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَجارْ - سَجْماقْ *saqar - saqmak̡*). اُلْ اَڤْكــا سُوڤْ سَجْدِي *ol əvgə suv saqdï*// [3 II] — ئۇ ئۆيگە سۇ چاچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَجارْ - سَجْماقْ *saqar - saqmak̡*).

سِجْدِي sïqdï چىچتى. اَرْ سِــجْدِي *ər sïqdï* — ئادەم چىچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِجارْ - سِجْماقْ *sïqar - sïqmak̡*).

قَجْــدِي k̡aqdï قاچتى. اَرْ قَجْــدِي *ər k̡aqdï* — ئادەم قاچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَجارْ — قَجْماقْ *k̡aqar - k̡aqmak̡*).

قُجْــدِي k̡uqdï قۇچتى، قۇچاقلىدى. اُلْ مَــنِ قُجْــدِي *ol məni k̡uqdï* — ئۇ مېنى قۇچاقلىدى (قُجارْ — قُجْماقْ *k̡uqar - k̡uqmak̡*).// [265]

كَجْتِ kəqti كەچتى، ئۆتتى. اَيْ كُــونْ كَجْــتِ *ay kün kəqti* — ئاي، كۈن كەچتى (ئۆتتى). اَرْ ســوُڤْ كَجْــتِ *ər suv kəqti* — ئادەم سۇ كەچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَرْ كَجْتِ *ər kəqti* — ئادەم (ئالەمدىن) ئۆتتى، يەنى ئۆلدى (كَجــارْ - كَجْماكْ *kəqər - kəqmək*).

كُجْتِ kɵqti كۆچتى. سُو كُجْــتِ *sü kɵqti* — قوشۇن كۆچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُجارْ - كُجْماكْ *kɵqər - kɵqmək*).// [4 II]

سۆزنىڭ ئىپتىشقا ئەپلىك بولۇشىنى نەزەردە تۇتقاندا، قاتتىق ھەرپ بىلەن ئاياغلاشقان پېئىلدىكى ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى بولغان «د - *d*» ھەرپىنى «ت - *t*» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇش توغرىراق بولىدۇ. قاتتىق «ب - *b*»، قاتتىق

«ج - q»، «ق - k» ۋە قاتتىق «ك - k» ھەرپلىرى قاتتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا ھەرپلەر بىلەن ئاياغلاشقان پېئىلدا ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «د - d»نى ساقلاپ قېلىش مۇۋاپىقراق، شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُنْلا بِلا كُجالِمْ	*tünlə bilə kөqəlim*	[كېچە بىلەن كۆچەيلى،
يَمَرْ سُڤِنْ كَجالِمْ	*yamar suvïn kəqəlim*	يامار سۈيىنى كېچەيلى،
تَرْنكُوكْ سُڤِنْ اِجالِمْ	*tərŋük suvïn iqəlim*	بۇلاق سۈيىنى ئىچەيلى،
يُقْغا يَغِي اُقْلُسُونْ	*yuvqa yaqï uvulsun*	ئاجىز يېغا يانجىلسۇن.] // 5 II

كېچە بىلەن كۆچەيلى، يامار (بۇ بىر ۋادى) سۈيىنى كېچەيلى، بۇلدۇقلاپ چىققان بۇلاق سۈيىنى ئىچەيلى، ئاجىز يېغا (دۈشمەن) بىتچىت بولسۇن.

بَرْدِي bardï باردى. اُلْ اَڤْكا بَرْدِي *ol əvgə bardï* — ئۇ ئۆيگە باردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَرِيرْ - بَرْماقْ *barïr - barmak*).

بُرْدِي bürdi بۈردى ~ پۈردى. اُلْ يَنْجُقْ اَغْزِي بُرْدِي *ol yanquk aqzï bürdi* — ئۇ يانچۇقنىڭ ئاغزىنى پۈردى. ئىشتاننىڭ لىپىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى پۈرۈشكىمۇ بۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (بُرارْ - بُرْماكْ *bürər - bürmək*).

بُرْدِي burdï بۇردى ~ پۇردى؛ پۇرقىرىدى. يِيارْ بُرْدِي *yïpar burdï* — ئىپار پۇردى، پۇراپ كەتتى. ھەرقانداق خۇش پۇراق نەرسىنىڭ پۇرىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سُوڤْ بُرْدِي *suv burdï* — سۇ پۇرقىرىدى، يەنى سۇنىڭ ھورى پۇرقىراپ چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُرارْ - بُرْماقْ *burar - burmak*).

تُرْدِي turdï تۇردى، قوپتى، ئۆرلىدى. اَرْ يُقارُو تُرْدِي *ər yokaru turdï* — ئادەم ئۆرە تۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. تُمانْ تُرْدِي *tuman turdï* — تۇمان ئۆرلىدى // 6 II (تُرُرْ - تُرْماقْ *turur - turmak*).

تُرُرْ turur بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە مەستەر شەكلى ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ ۋە «دۇر»، «تۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. // 266 مەسىلەن: «اُلْ تاشْ تُرُرْ *ol tax turur* — ئۇ تاشتۇر»؛ «اُلْ قُشْ تُرُرْ *ol kux turur* — ئۇ قۇشتۇر» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز جۈملىدە باغلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئەرەبچىدىكى ئۆتكەن زامان ۋە مەستەر شەكلى بولمايدىغان «يَنْبَغِي — يارىشۇر» دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

تُرْدِي türdi تۈردى، تۈرتەكلىدى. اُلْ بِتِكْ تُــرْدِي *ol bitik türdi* —— ئۇ كىتابنى تۈردى (تۈرتەكلىدى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُرَارْ - تُرْمَاكْ *türər - türmək*).

سَرْدِي sərdi چىدىدى. اُلْ سَــرْدِي *ol sərdi* —— ئۇ (بىر ئىشقا) چىدىدى، چىداشلىق بەردى (سَرَارْ - سَرْمَاكْ *sərər – sərmək*).

سُــرْدِي sürdi سۈردى، قوغلىدى. اُلْ اَتْ سُرْدِي *ol at sürdi* —— ئۇ ئات قوغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَرْ اِتغْ سُــرْدِي *ər ïtïq sürdi* —— ئادەم ئىتنى قوغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُرَارْ - سُــرْمَاكْ *sürər – sürmək*).//[7 II] بەگ بىرەر ئادەمنى شەھەردىن سۈرگۈن قىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قُــرْدِي ķurdï توپلىدى؛ قۇردى. خَــانْ سُوسِــنْ قُــرْدِي *han süsin ķurdï* —— خان ئەسكەرلىرىنى توپلىدى. خَانْ جُوَاجْ قُــرْدِي *han quwaq ķurdï* —— خان چېدىر (بارگاھ) قۇردى، تىكتى (قُرَارْ —— قُرْمَاقْ *ķurar- ķurmaķ*)[1].

قِرْدِي ķïrdï قىردى. اَرْ يِيرِكْ قِرْدِي *ər yərig ķïrdï* —— ئادەم يەرنى قىردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِرَارْ - قِرْمَاقْ *ķïrar - ķïrmaķ*).

قُرْدِي ķurdï قۇردى. اَرْ يَا قُــرْدِي *ər ya ķurdï* —— ئادەم يا قۇردى (قُــرَارْ – قُرْمَــاقْ *ķurar – ķurmaķ*).

كَرْدِي kərdi كەردى، سوزدى؛ كېرەلىدى، توستى. اَرْ يِبْ كَــرْدِي *ər yïp kərdi* —— ئادەم يىپ - تانا كەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.//[8 II] بَكْ يُولْ كَرْدِي *bəg yol kərdi* —— بەگ يول توستى، يەنى بەگ دۈشمەندىن خەۋپسىرەپ، ناتونۇش ئادەملەرنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كۆزىتىش ئورۇنلىرىغا ئادەملەرنى قويدى.

كَرْدِي kərdi ئۆردى، قاۋدى. اِتْ كَرْدِي *ït kərdi* —— ئىت ئۆردى. قارلۇقچە (كَــرَارْ - كَرْمَاكْ *kərər - kərmək*).

كُرْدِي kərdi كۆردى، قارىدى. اُلْ مَــنِي كُــرْدِي *ol məni kərdi* —— ئۇ مېنى كۆردى (كُرَارْ - كُرْمَاكْ *kərər - kərmək*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

---

[1] بۇ پېئىلنىڭ ئاددىي دەرىجىسى بۇ يەردە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزدىن كېيىن ئايرىم- ئايرىم سۆز قىلىپ بېرىلگەن. يازما نۇسخا 361 - بەتتىكى مەجبۇرىي دەرىجىسىدە بولسا، ھەر ئىككى مەنە بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر پېئىل سۈپىتىدە ئىزاھلانغان. بىز ئەسلىنى ساقلىدۇق.

يُوزْكا كُرْما اَرْذَمْ تلا *yüzgə kərmə ərẑəm tilə*

يۈزىگە قارىما، ئەردىمىنى تىلە.

يەنى رەڭگىرويىغا، چىرايىغا قارىما، ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قارا.

كِرْدِيْ kirdi كىردى. اُلْ اَفْكا كِـرْدِيْ *ol əvgə kirdi* — ئۇ ئۆيگە كىردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِرُرْ - كِرْماكْ *kirür - kirmək*).

بَزْدِيْ bəzdi بەزگەك تۇتتى، تىترىدى؛ بەزدى. اَرْ تُمْلغْدنْ بَزْدِيْ *ər tumliqdin bəzdi* —
9 II ئادەم سوغۇقتىن (بەزگەكتەك) تىترىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَـزارْ - بَزْمـاكْ//
267 //.) *bəzər - bəzmək*

بُزْدِيْ buzdi بۇزدى. اُلْ اَفْ بُزْدِيْ *ol əv buzdi* — ئۇ ئۆي بۇزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُزارْ - بُزْماقْ *buzar - buzmak*).

تَزْدِيْ təzdi تەزدى. كَيكْ تَزْدِيْ *kəyik təzdi* — كېيىك تەزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَزارْ - تَزْماكْ *təzər - təzmək*).

تُزْدِيْ tüzdi تۈزىدى، تۈزلىدى. بَكْ ايلنْ تُزْدِيْ *bəg ẹlin tüzdi* — بەگ ئېلىنى تۈزىدى. اُلْ يـيرِكْ تُـزْدِيْ *ol yərig tüzdi* — ئۇ يەرنى تۈزلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُزارْ - تُزْماكْ *tüzər - tüzmək*).

تِزْدِيْ tizdi تىزدى. اُلْ يِنْجُو تِزْدِيْ *ol yinqü tizdi* — ئۇ ئۈنچە تىزدى. بىرەر كىشى سۆز تىزسا (شېئىر يازسا)مۇ «اُلْ سُوزْ تِزْدِيْ *ol sọ̈z tizdi*» دېيىلىدۇ (تِزارْ - تِزْمـاكْ *tizər - tizmək*).

جِزْدِيْ qiz̧di بەل قويدى، جۈن بولدى. يَغِرْلِغْ اَتْ جِزْدِيْ *yaqirliq at qiz̧di* — يېغىر
10 II ئات (مىنىش ۋاقتىدا دۈمبىسىنى ئاياپ) بەل قويدى. ھەرقانداق يېغىر ئۇلاغ// يۈك ئارتىلىدىغان چاغدا شۇنداق قىلىدۇ (جِزارْ — جِزْمـاقْ *qiz̧ar – qiz̧mak*). بۇ سۆز ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز - z̧» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

جُزْدِيْ qəz̧di سوزدى. اُراغُتْ يبْ جُـزْدِيْ *uraqut yip qəz̧di* — خوتۇن يىپ سوزدى. ئارغامچا ۋە قوي ئۈچىيىگە ئوخشاش سوزغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سۆزمۇ ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز - z̧» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (جُزارْ - جُزْماكْ *qəz̧ər - qəz̧mək*).

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

سُزْدِ süzdi سۈزدى، سۈزۈلدۈردى. اُلْ سُوفْ سُزْدِ *ol suv süzdi* — ئۇ سۇ سۈزۈلدۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُزارْ – سُزْماكْ *süzər - süzmək*).

سِزْدِ sïzdï سىزدى، ئېرىدى. ياغْ سِزْدِ *yaoq sïzdï* — ياغ ئېرىدى. كُونْ سُزْدِ *kün sïzdï*[1] — كۈننىڭ ئۇچى سۈزۈلۈپ چىقتى. سُكَلْ سِزْدِ *sөkəl sïzdï* — ئاغرىق (كىشى) سىزدى (ئورۇقلاپ ئاجىزلىدى). باشقىلاردىمۇ 11 II // شۇنداق (سِزارْ – سِزْماقْ *sïzar - sïzmak*).

قَزْدِ kazdï قازدى. اَرْ اَرِقْ قَزْدِ *ər arïk kazdï* — ئادەم ئېرىق قازدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَتْ قَزْدِ *at kazdï* — ئات يەر تاتىلىدى، يەنى ئات تۇسۇنلۇق قىلىپ، ئالدىنقى ئاياغلىرى بىلەن يەرنى قېزىۋەتتى (قَزارْ – قَزْماقْ *kazar - kazmak*).

كَزْدِ kəzdi كەزدى. اُلْ يِيرِكْ كَزْدِ *ol yərig kəzdi* — ئۇ يەر يۈزىنى كەزدى، كېزىپ چىقتى (كَزارْ – كَزْماكْ *kəzər - kəzmək*).

بَسْدِ basdï باستى. اَنِ بُرْتْ بَسْدِ *anï burt basdï* — ئۇنى قارا باستى. بَكْ اِيْل بَسْدِ *bəg əl basdï* — بەگ ئەلنى باستى، 268 // يەنى خۇددى قارا باسقاندەك بېسىۋالدى. بَكْنِ يَغِي بَسْدِ *bəgni yaoqï basdï* — بەگنى يېغى (دۈشمەن) كېچىلەپ باستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَرْ قِيزِغْ بَسْدِ *ər kïzïoq basdï* — ئادەم قىزنى باستى. اِتْ كَيِكْنِ بَسْدِ *ït kəyikni basdï* — ئىت كېيىكنى باستى، بېسىۋالدى (بَسارْ – بَسْماقْ *basar - basmak*). 12 II //

بُسْدِ bөsdi بۆسدى: راسا ئۇردى. اُرْ قلنْ بُسْدِ *ər kulïn bөsdi* — ئادەم قۇلىنى تازا ئۇردى (بُسارْ – بُسْماكْ *bөsər – bөsmək*).

بُسْدِ pusdï پىستىرما قىلدى، مۆكتى. بَكْ يَغِي قا بُسْدِ *bəg yaoqïka pusdï* — بەگ دۈشمەنگە پىستىرما قىلدى، يەنى بەگ دۈشمەننى پايلاش ئۈچۈن مۆكتى (بُسارْ – بُسْماقْ *pusar - pusmak*).

---

[1] بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «سُزْدِ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، «سِزْدى» دېگەن پېئىل ئىچىدە بېرىلگەنلىكتىن، بىز «*sïzdï*» دەپ ئالدۇق.

تېكىست

قُسْدِي ķusdï قۇستى؛ ئۆگدى، بۇزۇلدى. اَرْ قُسْدِي ər ķusdï — ئادەم قۇستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُسارْ – قُسْماقْ ķusar - ķusamaķ). بُذُغْ قُسْدِي bożuoq ķusdï — بوياق قۇستى، بۇزۇلدى.

قِسْدِي ķïsdï قىستى. قَبُغْ اَرِكْ اَذاقِنْ قِسْدِي[1] ķapuoq ərig ażaķïn ķïsdï — قوۋۇق (ئىشىك) ئادەمنىڭ ئايىغىنى قىستى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىرەر نەرسىنى قىسىشىغىمۇ 13 II// شۇنداق دېيىلىدۇ (قِسارْ – قِسْماقْ ķïsar – ķismaķ). اُلْ اَنِكْ تُونْلُقِنْ قِسْدِي ol anïŋ tonluķïn ķïsdï — ئۇ ئۇنىڭ تونلۇقىدىن (چاپانلىقىدىن) قىسىۋالدى، ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئۆلچىمىدىن قىسقارتىۋېتىلسىمۇ، يەنى تۇتۇپ قېلىنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كَسْدِي kəsdi كەستى. اُلْ يِغاجْ كَسْدِي ol yïoqaq kəsdi — ئۇ ياغاچ كەستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كَسارْ – كَسْماكْ kəsər - kəsmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اُيْغُرْ يِغاجْ اُزُونْ كَسْ تَمُرْ قِسْقا كَسْ

uyoqur yïoqaq uzun kəs təmür ķïsķa kəs

ھەي ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس.

چۈنكى تۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر جارچىسى باركى، ئۇ ھەركۈنى شۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى (خەلققە) ئۆگىتىدۇ.

كُسْدِي küsdi كەچتى، يۈز ئۆرۈدى. اُلْ اَنْدِنْ كُسْدِي ol andïn küsdi — ئۇ ئۇنىڭدىن كەچتى (كُسارْ – كُسْماكْ küsər - küsmək). ئوغۇزچە.

بُشْدُمْ puxdum ئىچىم پۇشتى، زېرىكتىم. مَنْ بُو ايشدِنْ بُشْدُمْ mən bu ïxdïn puxdum — مەن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم (بُشْمازْمَنْ – بُشْماقْ puxmazmən – puxmaķ).// 14 II ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

---

[1] بۇ جۈملە يازما نۇسخىدا «قَبُغْ اَنِكْ اَذا قِنْ قِسْدِي» شەكلىدە يېزىلىپ، ئەرەبچە «قوۋۇق ئادەمنىڭ ئايىغىنى قىستى» دەپ ئىزاھلانغان. بىز ئەرەبچە ئىزاھىنى ئاساس قىلىپ، «قَبُغْ اَرِكْ اَذاقِنْ قِسْدِي» شەكلىدە ئالدۇق.

بُشْمَسارْ بُوزْ قُشْ تُتارْ اِيڤْمَسارْ اُرُونْكْ قُشْ تُتارْ

puxmasar boz kux tutar əvməsər ürüŋ kux tutar

ئىچى پۇشمىسا بوز قۇش تۇتار، ئالدىرىمىسا ئاق قۇش تۇتار.

ئادەم زېرىكمىسە (دىققەت بولمىسا)، ئاق لاچىننى ئوۋلىيالايدۇ؛ ئالدىراقسانلىق قىلمىسا، لاچىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئوۋلىيالايدۇ.[269]// بۇ ماقال بىرەر ئىشتا كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالدىراقسانلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بِشْدِي pïxdï پىشتى، پىشىلدۇردى. اَشِجْ بِشْدِي *əxiq pïxdi* — قازان تەييار بولدى، يەنى شورپا پىشتى. يِيمِشْ بِشْدِي *yəmix pïxdi* — يېمىش (مېۋە) پىشتى. اَرْ قِمِزْ بِشْدِي *ər kïmiz pïxdi* — ئادەم قىمىز پىشىلدۇردى (بِشْمازْ — بِشْماقْ *pïxmaz – pïxmak*).

تَشْدِي taxdï تاشتى. اَشِجْ تَشْدِي *əxiq taxdi* — قازان تاشتى. سُوقْ تَشْدِي *suv taxdi* — سۇ تاشتى. سۇ دەريادىن ياكى قاچىدىن تاشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَشارْ - تَشْماقْ *taxar - taxmak*).

تُشْدِي tuxdï دۇچ كەلدى، ئۇدۇل كەلدى، ئۇچراشتى. اُلْ [15 II]// مَنْكا تُشْدِي *ol maŋa tuxdi* — ئۇ ماڭا ئۇدۇل كەلدى، ئۇچراشتى (تُشارْ - تُشْماقْ *tuxar - tuxmak*).

تُشْدِي tüxdi تۈشتى ~ چۈشتى. اَرْ اَتِّنْ تُشْدِي *ər attin tüxdi* — ئادەم ئاتتىن چۈشتى. اَرْ تامْدِنْ تُشْدِي *ər tamdin tüxdi* — ئادەم تامدىن (يىقىلىپ) چۈشتى. ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىرەر جايدىن يىقىلىپ چۈشۈشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تُشارْ - تُشْماكْ *tuxər - tüxmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَكْرا اَلِبْ اَكْرَلِمْ	*təgrə alip əgrəlim*	[چۆرىدەپ ئېلىپ قورشايلى،
اَتِّنْ تُشُبْ يُكْرالِمْ	*attin tüxüp yügrəlim*	ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرەيلى،// [16 II]
اَرْسْلَنْ لَيُو كُكْرَلِمْ	*arslanlayu kəkrəlim*	ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
كُوجِي اَنِنْ كَڤِلْسُونْ	*küqi anin kəvilsün*	شۇنىڭ بىلەن كۈچى ئاجىزلاشسۇن.]

دۈشمەننى چۆرىدەپ قورشايلى، ئاتتىن چۈشۈپ ئارسلاندەك ھۆركىرىگەنچە يۈگۈرەيلى، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن زەئىپلەشسۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

əvək siŋək sütkə tüxür — اِيڤَكْ سِنكاكْ سُوتْكا تُشُورْ

ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر.

بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

سَشْدِي səxdi شەشتى ~ يەشتى. اَرْ اَتّنْ كِشَنْ سَشْدِي *ər attīn kixən səxdi* — ئادەم ئاتتىن كىشەننى يەشتى، يەنى ئادەم ئاتنىڭ كىشىنىنى ئېلىۋەتتى. بىرەر نەرسىنىڭ بېغىنى يېشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَشَارْ – سَشْمَاكْ *səxər - səxmək*).

قُشْدِي k̡oxdī قوشتى. اُلْ قُويْقا اَجْكُو قُشْدِي *ol k̡oyk̡a əqkü k̡oxdī* — ئۇ قويغا ئۆچكە قوشتى، يەنى ئۇ ئۆچكىنى قويغا قوشتى. شۇنىڭدەك، بىر نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە قوشۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ يِيرْ قُشْدِي *ol yīr k̡oxdī* — ئۇ قوشاق قوشتى، ناخشا ئېيتتى، ئىردىدى (قُشَارْ – قُشْمَاقْ *k̡oxar - k̡oxmak̡*).

17 II 270

بُغْدِي booɋdī بوغدى. اُلْ اَرْنِي بُغْدِي *ol ərni booɋdī* —//ئۇ//ئادەمنى بوغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُغَارْ – بُغْمَاقْ *booɋar - booɋmak̡*).

تُغْدِي tuoɋdī تۇغدى، تۇغۇلدى. كُونْ تُغْدِي *kün tuoɋdi* — كۈن تۇغدى، كۈن چىقتى. اُغُلْ تُغْدِي *oɋul tuoɋdī* — ئوغۇل تۇغۇلدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

mux oɋlī muyawu tuoɋar — مُوشْ اُغْلِي مُيَاوْ تُغَارْ

مۈشۈك بالىسى مىياڭلاپ تۇغۇلار.

يەنى مۈشۈك بالىسى ئانىسىدەك مىياڭلايدۇ. بۇ ماقال خۇلق - مىجەزى ئاتىسىنى دورىغان بالىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ (تُغَارْ – تُغْمَاقْ *tuoɋar - tuoɋmak̡*).

تِغْدِي tïoɋdī قايرىدى، ئەگدى. اُقْ بَشَقِنْ تاشْ تِغْدِي *ok̡ baxak̡īn tax tïoɋdī* — ئوقنىڭ باشقىنى تاش قايرىدى، يەنى تاش ئوقنىڭ باشقىنى قايرىپ ئۆتمەس قىلىپ قويدى (تِغَارْ – تِغْمَاقْ *tïoɋar - tïoɋmak̡*).

جغْدِي qïɣdï چىگدى ~ چەگدى. اُلْ تُرْكَاكْ جغْدِي *ol türgək qïɣdï* — ئۇ تۈرگەك چەگدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جغارْ - جغْماقْ *qïɣar - qïɣmak*).

سَغْدِي saɣdï ساغدى. اَرْ قُوىْ سَغْدِي ‖18 II *ər koy saɣdï* — ئادەم قوي ساغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَغارْ - سَغْماقْ *saɣar - saɣmak*).

سَغْدِي[1] soɣdï سوغۇرت ئالدى؛ قۇرۇت ئالدى. اُلْ قُوىْ دَنْ قُرُتْ سَغْدِي *ol koydan kurut soɣdï* — ئۇ قوي (سۈتى)دىن قۇرۇت ئالدى (سُغارْ - سُغْماقْ *soɣar - soɣmak*). بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «سُغُرْدِي *soɣurdï* — سوغۇرت ئالدى»دۇر.

سِغْدِي sïɣdï سىغدى، پاتتى؛ ياقتى. بُو سُوزْ كُنكُلْكا سِغْدِي *bu səz kəŋülgə sïɣdï* — بۇ سۆز كۆڭۈلگە سىغدى، ياقتى. اُونْ قابْقا سِغْدِي *un kapka sïɣdï* — ئۇن قاپقا سىغدى. باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈنمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (سِغارْ - سِغْماقْ *sïɣar - sïɣmak*).

تَڤْدِي təvdi تارتتى، ئۆتكۈزدى. اُلْ اَتِكْ سِشْقا تَڤْدِي *ol ətig sïxka təvdi* — ئۇ گۆشنى زىخقا ئۆتكۈزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَڤارْ - تَڤْماكْ *təvər - təvmək*).‖19 II

سَڤْدِي səvdi سۆيدى. اُلْ مَنِي سَڤْدِي *ol məni səvdi* — ئۇ مېنى سۆيدى (سَڤارْ - سَڤْمَاكْ *səvər - səvmək*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

تَيْغانْ يُكُرْكَنِّ تِلْكُو سَڤْماسْ

tayɣan yügrügin[2] *tilkü səvməs*

تايغاننىڭ يۈگۈرۈكىنى تۈلكە سۆيمەس، چۈنكى، تايغان تۈلكە ئالىدۇ.

بۇ ماقال ئۆزنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلىتى بىلەن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۈستۈن تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىككە ئۇچرىغان كىشى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

---

[1] بۇ يېئىل بۇ يەردە فەتھە بىلەن «سَغْدِي» قىلىپ يېزىلىپ قالغان، بىز مەستەر ۋە كەلگۈسى زامان شەكلىگە ئاساسەن، «*soɣdï*» دەپ ئالدۇق.

[2] بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يُكُرْكَنِّ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز بۇ ماقالنىڭ يازما نۇسخا 521- بەتتە «يُكْرُكِنْ» شەكلىدە يېزىلغانلىقىغا ئاساسەن، «*yügrügin*» دەپ ئالدۇق.

قُقْدِي ķovdï قوغلىدى. اِتْ كَيِكْنِ قُقْدِي ït kəyikni ķovdï — ئىت كېيىكنى قوغلىدى. بىركىم بىر نەرسىنى قوغلىسا ياكى ئارقىسىدىن ئىزدەپ ماڭسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ‖[271] (قُقَارْ – قُقْمَاقْ ķovar - ķovmaķ).

كَقْدِي kəvdi چاينىدى. اَرْ سُوزُكْ كَقْدِي ər sөzügə kəvdi — ئادەم سۆزنى چاينىدى (تىلىنى چايناپ سۆزلىدى). بۇ سۆز «تَنْجُونِ كَقْدِي tanquni kəvdi — لوقمىنى چاينىدى»، يەنى «لوقمىنى يۇتماي چايناۋەردى»‖[20 II] دېگەن مەنىدىن ئېلىنغان (كَقَارْ – كَقْمَاكْ kəvər - kəvmək).

بَقْدِي baķdï باقتى، قارىدى. اُلْ مَنكَا بَقْدِي ol maŋa baķdï — ئۇ ماڭا باقتى (بَقَارْ – بَقْمَاقْ baķar - baķmaķ).

بُقْدِي buķdï پۇكتى، يىغدى. اُلْ اَذَاقِنْ بُقْدِي ol ażaķïn buķdï — ئۇ ئايىغىنى پۇكتى، سوزغان پۇتىنى يىغدى (بُقَارْ – بُقْمَاقْ buķar - buķmaķ).

تِقْدِي tïķdï تىقتى. اُلْ قَابْقَا اُونْ تِقْدِي ol ķapķa un tïķdï — ئۇ قاپقا ئۇن تىقتى. ھەرقانداق نەرسىنى بىرەر قاچىنىڭ ئىچىگە چىڭداپ تىقىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. دانىلىرى غۇژمەكلىشىپ، تىقىلىپ تۇرغان ئۈزۈم «تِقْمَا اُزُمْ tïķma üzüm» دېيىلىدۇ.

تَقْدِي taķdï تاقتى ~ تاقىدى، ئۆتكۈزدى. اَرْ بُرُنْدُقْ بُتْلُوقَا تَقْدِي ər burunduķ butluķa taķdï — ئادەم بۇيلىغا بۇرۇندۇق تاقىدى، يەنى چۇلۇككە چۇلۇۋۇر باغلىدى. ئوغۇزچە. شۇنىڭدەك ھەرقانداق تانا بىرەر نەرسىگە باغلانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَقَارْ – تَقْمَاقْ taķar - taķmaķ).

جَقْدِي qaķdï چاقتى. اُلْ سُوزُكْ اَنِكْ قُلَاقَّا جَقْدِي ol sөzüg anïŋ ķulaķķa qaķdï — ئۇ سۆزنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چاقتى، يەتكۈزدى (گەپ توشۇدى). ئوغۇزچە‖[21 II] اُلْ اِكّي كِشِي اَرَا جَقْدِي ol ikki kixi ara qaķdï — ئۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا چېقىمچىلىق قىلدى. اُلْ جَقْمَاقْ جَقْدِي ol qaķmaķ qaķdï — ئۇ چاقماق

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com